# شىنجاڭ كۆپ مىللەت ئورتاق ياشاۋاتقان چوڭ ماكان

ما داجيېڭ جوۋ ۋېيپىڭ

شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش شىنجاڭ تارىخىدا مىللەتلەرنىڭ جايلىشىشىدىكى روشەن ئالاھىدىلىك.

تارىختىن بۇرۇنقى مەزگىلدىكى شىنجاڭ كۆپ خىل ئىرقتىكىلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر رايون ئىدى. بۇ مەزگىلدىكى شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئىنسانلارنىڭ باش سۆڭىكىنى باھالاپ بېكىتىش ماتېرىياللىدا، يەرلىك ئاھالىلەر ئىچىدە ھەم ياۋروپا ئىرقىدىكىلەرنىڭ بارلىقى، ھەم موڭغۇل ئىرقىدىكىلەرنىڭ بارلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئىككى ئىرقتىكىلەر ئارىلاش تىپىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىسپاتلاندى، بۇ، مۇشۇ مەزگىلدىكى شىنجاڭنىڭ بىرلا خىل ئىرقتىكىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خەن دەۋرىگىچە، شىنجاڭ رايونىدا پائالىيەت قىلغان مىللەتلەر ساكلار، رۇۋجىلار، ۋۇسۇنلار، چياڭلار، ھونلار ۋە خەنلەرنى ئاساس قىلغان. تەخمىنەن مىلادىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سيانپىيلار شىنجاڭ رايونىغا كىرگەن. 402 ـ يىلى، جورجانلارنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسى غەربتە ئاگنىغىچە كېڭەيگەن، جورجانلارمۇ شۇ سەۋەبتىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مىللەتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. 487 ـ يىلى، جورجانغا تەۋە قاڭقىللار غەربتە بۈگۈنكى تۇرپان ئەتراپىغا كۆچۈپ قاڭقىللار بەگلىكى قۇرغان، بۇنىڭ بىلەن قاڭقىللارمۇ تەبىئىي ھالدا شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مىللەتلىرىنىڭ بىر يېڭى ئەزاسىغا ئايلانغان.

سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى مىللەتلەر قاتارىغا كىرگەنلەردىن ئاساسلىقى تۈرك، تۈبۈت، قەدىمكى ئۇيغۇر(回纥) قاتارلىقلار بار. 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، پەيدىنپەي كۈچەيگەن تۈركلەر 583 ـ يىلى شەرق، غەربتىن ئىبارەت ئىككى ھاكىمىيەتكە بۆلۈنگەن، غەربتىكى ھاكىمىيەت قارىمىقىدا بۈگۈنكى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي يۇرت رايونى بار. تۈبۈتلار بۈگۈنكى زاڭزۇلارنىڭ ئەجدادى. 662 ـ يىلدىن كېيىن، تۈبۈتلار غەربىي يۇرتقا ئۈزلۈكسىز لەشكەر چىقارغان، بۇنىڭ بىلەن تۈبۈتلارمۇ شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان. 744 ـ يىلى قۇرۇلغان قەدىمكى ئۇيغۇر(回纥) خانلىقى ئىلگىرى كۆپ قېتىم لەشكەر چىقىرىپ تاڭ سۇلالىسىگە ھەمكارلىشىپ تۈبۈتلاردىن غەربىي يۇرتنى تالىشىپ، كېيىنكى قەدىمكى ئۇيغۇر(回纥) (خۇيخۇ 〈回鹘〉 دەپمۇ ئاتالغان)لارنىڭ كۆچۈپ كىرىشىگە ئاساس سالغان. 840 ـ يىلى، بىر قىسىم قەدىمكى ئۇيغۇر(回纥)لار غەربتە بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىغا كۆچكەن. غەربتە شىنجاڭغا كۆچكەن قەدىمكى ئۇيغۇر(回纥)لار شۇ جايدىكى باشقا قوۋملار بىلەن ئۈزلۈكسىز يۇغۇرۇلۇپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان.

سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن سۇلالىلىرى مەزگىلىدە، يېڭى مىللەت ئەزالىرىنىڭ كۆچۈپ كىرىشى توختاپ قالمىغان. 1124 ـ يىلى، قىتان ئاقسۆڭەكى يەلۈي تاشىن بىر قىسىم قەبىلىلەرنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ، غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىنى قۇرغان، ئۇنىڭ تەۋەلىكى بۈگۈنكى شىنجاڭ ھەم ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئارقىدىن موڭغۇللار 1217 ـ يىلى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن، بۇنىڭ بىلەن زور مىقداردىكى موڭغۇللار شىنجاڭ رايونىغا كۆچۈپ كىرگەن. موڭغۇللار شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن زور تۈركۈمدىكى جورجىتلار، قىتانلار، خەنلەر، تاڭغۇتلارغا شىنجاڭغا بېرىش ئالۋىنى سالغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشى شىنجاڭدا تۇرۇپ قېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئاھالىسىگە ئايلانغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەم تۇرپان، قومۇل قاتارلىق رايونلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. كېيىن چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنى يىغىپ ئىلى رايونىغا بېرىپ بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا سالغانلىقتىن، تارقىلىش دائىرىسى تەدرىجىي كېڭەيگەن. قازاقلار چارروسىيەنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغانلىقتىن، نۇرغۇن كىشى ئىچكىگە قاراپ كۆچۈپ، تارباغاتاي، ئىلى، ئالتاي، سانجى، ماناس، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، مورى، باركۆل قاتارلىق جايلارغا كەلگەن. بۇ مىللەتلەر تارقالغان رايون ئۈزلۈكسىز كېڭىيىش بىلەن بىللە، مانجۇ، داغۇر، شىبە، خۇيزۇ قاتارلىقلارمۇ تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كىرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چېگرا سىرتىدىن يەنە ئۆزبېك، تاتار، رۇس قاتارلىق مىللەتلەرمۇ كۆچۈپ كىرگەن.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، شىنجاڭ كۆپ مىللەتنىڭ ئورتاق ماكانى، ھازىرقى زاماندا شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، يەنە تارىختىكى تەرەققىيات داۋامىدا ئاللىقاچان يوقالغان مىللەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شىنجاڭ ھەرگىزمۇ قايسى بىر مىللەتكە خاس ماكان ئەمەس.

شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئەندىزىسىنىڭ شەكىللىنىش ۋە ئۆزگىرىش جەريانى دەل جۇڭخۇا مىللىتى بىر پۈتۈن گەۋدىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ ئىخچام كارتىنىسى. چىڭ سۇلالىسى يېقىنقى زامان جۇڭگو تېررىتورىيەسىگە ئاساس سېلىپلا قالماي، بەلكى ئايماق، خوشۇن تۈزۈمى، ئۆلكە تۈزۈمى قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ سىياسىي بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن ھەم جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ «كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن» ئاساسىي ئەندىزىسىنى ياراتقان.

شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئەندىزىسى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشى داۋامىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، ئارىلىشىش نۇرغۇن جەھەتتە نامايان بولىدۇ. ئۆزگىچە جۇغراپىيەلىك مۇھىت جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان بوستانلىق ئىگىلىكى بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى بىر قەدەر كۈچلۈك ئۆزئارا تولۇقلاشچانلىققا ئىگە قىلغان، ھالبۇكى ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى يولىغا جايلىشىش يەنە ھەرقايسى مىللەتلەرنى يىپەك يولى بويىدىكى بېكەتلەرگە ئايلاندۇرغان، بۇ بېكەتلەردىن كېيىن ـ كېيىندىن ئۆتۈپ تۇرغان ئادەملەر ۋە ماددىي ئەشيالار ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرغان، يەنە ھەرقايسى مىللەتلەرنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ ئۇيۇشتۇرغان. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، ئارىلىشىش ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، مەسىلەن، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاراخانىيلار خانلىقى، قوچۇ قەدىمكى ئۇيغۇر(回鹘) خانلىقى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاغاتاي خانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق ئالماشتۇرۇش ۋە يۇغۇرۇلۇش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن، ھەممىسى جۇڭگو تېررىتورىيەسى ئىچىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت شەكلىدە بولۇپ، ھەممىسىلا تېررىتورىيە ئىچىدىكى ھەرقايسى مىللەت(قوۋم)لەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىغا تۈرتكە بولغان.

نۇرغۇن ھازىرقى مىللەتلەر، مەسىلەن، ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، رۇس قاتارلىقلارنىڭمۇ كۆپىنچىسى تارىختىكى نۇرغۇن ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ يۇغۇرۇلۇشى جەريانىدا شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. بۇ جەرياندا، يېڭى مىللەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆچۈپ كىرىشى بىر تەرەپتىن شىنجاڭدىكى كۆپ مىللەتنىڭ تارقىلىش ئەندىزىسىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى مىللەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر(回纥)لارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشىنى ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىم قىلىشتىمۇ مۇھىم رول ئويناپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئازادە ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن تەمىنلىگەن، مەسىلەن، خەن، تاڭ سۇلالىلىرى مەزگىلىدە خەنزۇلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىشى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مانجۇ، شىبە، موڭغۇللارنىڭ غەربكە كۆچۈشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىدا زۆرۈر بولغانىدى.

شىنجاڭدىكى تارىختا يوقالغان مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن مىللەتنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ھەمدە يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشۇپ، پارلاق غەربىي يۇرت مەدەنىيلىكىنى ئورتاق ياراتقان. تارىختا شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىچكىرى جايلار بىلەن بولغان ئىقتىساد، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، ئارىلىشىش جەريانى ئۆز نۆۋىتىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە بولغان قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش تۇيغۇسىنىڭ كۈنسېرى چوڭقۇرلىشىش جەريانى بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى ئۆزئارا تۇتاشقان، قان قېرىنداشتەك يۇغۇرۇلغان، تەقدىرى ئۆزئارا باغلانغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بولۇپ كۈنسېرى زىچ ئۇيۇشقان، جۇڭخۇا مىللىتى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىمۇ تەدرىجىي شەكىللەنگەن ھەم ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەن.

ئۇزاقتىن بۇيان، شىنجاڭ رايونىدىكى مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭخۇا مىللەتلىرى تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىغا دۇچ كەلگەندە ھەمىشە دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئۆزئارا ھەمدەمدە بولغان. 1840 ـ يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىنكى 100 نەچچە يىلدا، جۇڭگو غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، بوزەك قىلىشىغا كۆپ قېتىم ئۇچرىغان. دۆلەت كۈچلۈك دۆلەتلەر تەرىپىدىن بۆلۈشۈۋېلىشقا دۇچ كەلگەن، جۇڭخۇا مىللىتى ھايات ـ ماماتلىق خەتەرلىك جىددىي پەيتكە دۇچ كەلگەندە، غەربىي شىمال رايونىدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل، قازاق، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق ھەر مىللەت خەلق پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق بىلەن بىرلىكتە قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، دۆلەت قىيىنچىلىقىنى يېڭىشكە ئورتاق ئاتلانغان.

چارروسىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ئالدىدا، چۆچەكتە، 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى ئەن يۈشېن، شۇ تيەنياۋ باشچىلىقىدىكى چۆچەكتىكى ھەر مىللەت كان ئىشچىلىرى قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، چارروسىيەنىڭ چۆچەكتىكى سودا چەمبىرىكىنى براقلا كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، خورىكى ئۆسۈپ كەتكەن تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھەيۋىسىگە ئېغىر زەربە بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ زوراۋانلىقتىن قورقمايدىغان، ۋەتەننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدايدىغان قەھرىمانلىق جاسارىتىنى نامايان قىلغان.

ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن 12 يىلدا، جاللاتلىق قىلمىشقا تايىنىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە ياۋۇزلارچە قانلىق ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن. قەشقەردە 1865 ـ يىلى ياقۇپبەگ چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، ئالدى بىلەن قوزغىلىپ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرغىنى قەشقەر ئەتراپىدىكى قىرغىز مىللىتى خەلقى ئىدى. خوتەندە 1867 ـ يىلى ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچى قوشۇنى ھۇجۇم قىلغاندا، خوتەندىكى لەشكەر، خەلق ئۈزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى جەڭ قىلغان، ئەر ـ ئايال، ياشانغانلاردىن باللارغىچە بىرلىكتە جەڭگە ئاتلىنىپ، شەھەرنى بىر ئايدىن كۆپرەك ساقلىغان. كۇچادىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت خەلق دۈشمەنگە باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ياقۇپبەگنىڭ چوڭ ئوغلى خۇداقۇلبەگنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن.

1875 ـ يىلى، چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئامىسى سۈت ـ قايماق، كالا، قوي بىلەن چىڭ قوشۇنىنى كۈتۈۋالغان. قەشقەر بېگى ئابدۇرېھىم قاتارلىق كىشىلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنغا يول باشلىغۇچى بولغان. قەشقەرلىك سودىگەر بەختى قاتارلىق كىشىلەر چېغىر يول ئارقىلىق مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ، ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ شىمالىي شىنجاڭدىكى شىخوغا يېتىپ بېرىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى سەپ لەشكىرىي ۋەزىرى جىن شۈن بىلەن كۆرۈشۈپ، جىن شۈنگە «قەشقەر بېگىنىڭ ئەرزىنامىسى»نى تارباغاتايدىكى بارگاھتا تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت ئىلى جياڭجۈنى رۇڭ چۈەنگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە ۋاكالىتەن، قەلبىنىڭ ۋەتەنگە ئىنتىلىش، بىرلىككە كېلىشنى ئۈمىد قىلىش كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن. ئىلى رايونىدا ياشاۋاتقان شىبە خەلقى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ ئاشلىقنى ھەربىي بارگاھقا يەتكۈزۈپ بەرگەن. 1877 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، چىڭ قوشۇنىنىڭ قوماندانى ليۇ جىنتاڭ قوشۇن باشلاپ كېلىپ، داۋانچىڭنى ئىگىلىۋالغان ياقۇپبەگ قوشۇنىنى قورشىۋالغان. ئىككى قوشۇن تىركىشىپ تۇرغان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، شەھەر ئىچىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي يوشۇرۇنچە شەھەر سىرتىغا چىقىپ، مۇھىم ئاخباراتنى چىڭ قوشۇنىنىڭ بارگاھىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن. چىڭ قوشۇنى جەڭ پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ، داۋانچىڭ، توقسۇن قاتارلىق شەھەر ـ بازارلارنى براقلا قايتۇرۇۋالغان. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ قوللىشىدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىر يېرىم يىل ۋاقىتتىلا ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچى ھاكىمىيىتىنى تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغان.

قىسقىسى، تارىختا ئۇزاق مەزگىل ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، ئارىلىشىشتىن شەكىللەنگەن ھەر مىللەت خەلقنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتى شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلغان. يېقىنقى زاماندا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى ئۇلۇغ كۆرەش قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى يۈكسەلدۈردى، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقنىڭ جۇڭگو تارىخىنىڭ خوجايىنى بولۇشتەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇرغۇتتى ۋە كۈچەيتتى، بۇ ھەم چېگرا رايوننى ئىدارە قىلىشتىكى قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچكە ئايلاندى.

**(ئاپتورلار جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى جۇڭگو چېگرا رايون تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى)**

**(2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

# بىز قان قېرىنداش بىر ئائىلە كىشىلىرى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تونۇشى ھەمدە جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى مىللەت، دىن نەزەرىيەسى ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دوتسېنت گو يىخېي.

«ئاق تاشلىق كىتابتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق كۆرەش قىلىشى نەتىجىسىدە، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، راۋاجلىنىش مەزگىلىگە كىردى، دېيىلدى. ئاساسىي قاتلامدا 30 يىلدىن كۆپرەك خىزمەت قىلغان پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن دەل بۇنىڭ ئەڭ ياخشى گۇۋاھچىسى.» نىيە ناھىيەسى روكيا يېزىسى مەنىۋى مەدەنىيلىك ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى سۇبھىنۇر مەخمۇت مۇخبىرغا مۇنۇلارنى ئېيتتى: ھازىر دېھقانلار كەڭرى، ئازادە، يورۇق ئەمەن ئۆيدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئۆيلىرىگە سۇ تۇرۇبىسى، ئەۋرەز يولى تۇتاشتۇرۇلدى، توك، تەبىئىي گاز يەتكۈزۈلدى، ئاسفالت يول ئىشىك ئالدىغىچە ياسالدى. كۆپچىلىكنىڭ بەخت تۇيغۇسى ۋە ئېرىشىش تۇيغۇسى زور دەرىجىدە ئاشتى. ئاق تاشلىق كىتابنىڭ مەزمۇنىنى كەڭ دائىرىدە تەشۋىق قىلىپ، كۆپچىلىككە پاكىتنىڭ ھەققىي ئەھۋالىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، بىلدۈرۈپ، بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغدايمىز.

**مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ يىلتىز تارتقۇزىمىز**

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق دېيىلدى: كۆپ مىللەتلىك بولۇش جۇڭگونىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى، مىللەتلەر ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرىنى، بىپايان زېمىنىنى ئورتاق ئاچتى، جۇڭگونىڭ ئۇزاق تارىخىنى، پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتتى.

«بىزنىڭ مەھەللىمىز خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق 14 مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كۆپچىلىك خۇددى ئاكا ـ ئىنى، ئاچا ـ سىڭىللاردەك بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، بىز مەھەللە كادىرلىرى ئاھالىلەر بىلەن يەنە داۋاملىق قوشماقلىشىپ، پات ـ پات زىيارەت قىلىپ، دائىم جەم بولۇپ، ئۆزئارا تىل ئۆگىنىش، غەمخورلۇق قىلىش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش داۋامىدا، ئارغامچىدەك چىڭ ئۇيۇشۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغدايمىز» دېدى چۆچەك شەھىرى شىنچېك كوچا باشقارمىسى قارادۆك مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى باھارگۈل.

«شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماي، باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرۈپ، ئورتاق تىرىكچىلىك قىلماقتا، ئورتاق ياشىماقتا...» مانا بۇ مېنىڭ تۇرمۇشۇمنىڭ ئەينەن كارتىنىسى.» 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئاق تاشلىق كىتابتىكى بۇ ئابزاس سۆز شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى ھايۋانات ئىلمى شۆبىسىنىڭ ئاسپىرانتى ئېبرشات دىلشاتنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. «كىچىك ۋاقتىمدا، مەن كۇچا ناھىيەسى لىنجىلۇ باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇپ، ھەر مىللەت كىچىك دوستلار بىلەن بىللە ئۆگەندىم، ئۆسۈپ يېتىلدىم. ھازىر مەن خېنەن، خېبېي، شەندۇڭدىن كەلگەن ساۋاقداشلار بىلەن بىر ياتاقتا يېتىپ، ئورتاق ئۆگىنىش، ئورتاق ياشاش جەريانىدا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇردۇم، ئورتاق ئىلگىرىلىدىم. بىز ياش ئوقۇغۇچىلار چوقۇم مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىمىز كېرەك» دېدى ئېبرشات.

«بىز قوشماقلىشىش، تۇغقان بولۇشتا، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق، ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش ئارقىلىق ھېسسىياتنى كۈچەيتىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقىنى كۆپچىلىكنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقۇزۇشىمىز كېرەك. چۈنكى بىز ھەر مىللەت خەلق زىچ ئىتتىپاقلاشساقلا، تۇرمۇشىمىز ئاندىن بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭى ئاندىن بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ!» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشۋىقات ـ تەربىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى يەن ۋېي.

**مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى قۇرىمىز**

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق دېيىلدى: شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇشتا جەزمەن دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئېچىۋېتىش ـ سىغدۇرۇش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتى بىلەن ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇشتا، دۇنيادىكى كۆپ مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى لياڭ جيەن مۇنداق بىلدۈردى: ئاق تاشلىق كىتابنىڭ مەزمۇنىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى مەيدانىنى چىڭ ساقلاپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى گېنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى قۇرۇپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈچ قوشۇش كېرەك.

شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى مۇزىكا شىسىنىڭ پروفېسسورى سەبىيارە ئاباسوف مۇنداق بىلدۈردى: ئاق تاشلىق كىتابنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئوقۇتۇش ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، ئوقۇغۇچىلارنى سوتسىيالىزمنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتتە ئەتراپلىق يېتىلگەن قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرىمىز.

«دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىش، قوللىنىش شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىم تارىخىي تەجرىبە.» بۇ نۇقتىغا قارىتا، يېڭىسار ناھىيەسى ئوچار بازارلىق 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى نۇرئەخمەت ئوسمانجان چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە. «دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، يېزىلاردىكى بالىلارنىڭ يەنە بىر جۈپ كۆزى كۆپىيىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى، تۈرلۈك بىلىملەرگە ئېرىشىش يولىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى.»

**(مۇخبىرلىرىمىز جاۋ چۈنخۇا، گاۋ ۋا، جاۋ شىيا، لى داۋجۇڭ، يۈ شى، مېھرىگۈل ناسىر، چېن چېن، خەن چىنيەن، ۋاڭ دۇڭ، فەن خۇڭبى، ياۋ گاڭ، پىراكتىكانت جاڭ شياۋخەن يازغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)